دۇنياۋى مەشھۇر ئەسەر

# جېننى قىز

درېيسېر ( ئامېرىكا )



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى



درېيسېر ( ئامېرىكا )

# جېننى قىز

تەرجىمە قىلغۇچى : رىزۋان ھەمزە

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

**图书在版编目(CIP)数据**

珍妮姑娘：维吾尔文/（美）德莱塞（Dreiser，T.）著；热孜宛·阿米扎译. —乌鲁木齐：新疆人民出版社，1993. 12（2008. 5 重印）

ISBN 978－7－228－02813－9

Ⅰ.珍… Ⅱ.①德… ②热… Ⅲ.长篇小说－美国－近代－维吾尔语（中国少数民族语言） Ⅳ. I712.44

中国版本图书馆 CIP 数据核字（2008）第 072830 号

| | |
|---|---|
| 作　　者 | ［美］德莱塞 |
| 译　　者 | 热孜宛·阿米扎 |
| 责任编辑 | 艾合买提·伊明 |
| 责任校对 | 塞乃白尔，扎米拉 |
| 封面设计 | 买买提·诺比提 |
| 出版发行 | 新疆人民出版社 |
| 电　　话 | (0991)2827472 |
| 地　　址 | 乌鲁木齐市解放南路 348 号 |
| 邮　　编 | 830001 |
| 印　　刷 | 新疆金版印务有限公司 |
| 经　　销 | 新疆维吾尔自治区新华书店 |
| 开　　本 | 880×1230 毫米　1/32 |
| 印　　张 | 19.25 |
| 版　　次 | 1993 年 12 月第 1 版 |
| 印　　次 | 2008 年 5 月第 2 次印刷 |
| 印　　数 | 1600—4600 |
| 定　　价 | 48.00 元 |

بۇ كىتاب شاڭخەي تەرجىمە نەشرىياتىنىڭ 1990 - يىل 8 - ئاي 1 - نەشرى، 1991 - يىل 10 - ئاي 5 - باسمىسىغا ئاساسەن تەرجىمە ۋە نەشر قىلىندى.
本书根据上海译文出版社 1990 年 8 月第 1 版，1991 年 10 月第 5 次印刷版本翻译出版。

# جېنىنى قىز

ئاپتورى: درېيسېر (ئامېرىكا)
تەرجىمە قىلغۇچى: رىزۋان ھەمزە
مەسئۇل مۇھەررىرى: ئەخمەت ئىمىن
مەسئۇل كوررېكتورى: سەنەۋەر، زەمىرە
مۇقاۋا لايىھىلىگۈچى: مەمەت نەۋبەت
نەشر قىلىپ تارقاتقۇچى: شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى
تېلېفون: 0991—2827472
ئادرېسى: ئۈرۈمچى شەھىرى جەنۇبىي ئازادلىق يولى 348 - نومۇر
پوچتا نومۇرى: 830001
باسقۇچى: شىنجاڭ جىنبەن مەتبەئەچىلىك چەكلىك شىركىتى
ساتقۇچى: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق شىنخۇا كىتابخانىسى
فورماتى: 880×1230 مىللىمېتىر 1/32
باسما تاۋىقى: 19.25
نەشرى: 1993 - يىلى 12 - ئاي 1 - نەشرى
باسمىسى: 2008 - يىلى 5 - ئاي 2 - بېسىلىشى
تىرازى: 1600—4600
كىتاب نومۇرى: ISBN 978—7—228—02813—9
باھاسى: 48.00 يۈەن

# مۇھەررىردىن

تېئودور درېيسېر (1871 — 1945) ئامېرىكىنىڭ 20 ـ ئەسىردىكى مەشھۇر تەنقىدىي رېئالىزم يازغۇچىسى . ئۇنىڭ «گالى سىڭىل» ، «تالانت» ، «ئون ئىككى ئادەم» ، «ئامېرىكا پاجىئەسى» ، «ئايال جىنسلار» ، «سەنئەتكارغا مۇراجىئەت» ، «ئامېرىكا قۇتقۇزۇۋېلىشقا ئەرزىيدۇ» قاتارلىق ئەسەرلىرى ، شۇنىڭدەك «بانكىر» ، «گىگانت ئادەم» ۋە «سىدوگا» ناملىق ئۈچ روماندىن تەشكىل تاپقان «ئۈمىد ترىلوگىيىسى» بار .

«جېنىنى قىز» — ئاپتورنىڭ سەمىمىي ، پاك ۋە پىداكارلىققا ئىگە بىر يوقسۇل قىزنىڭ ئوبرازىنى ياراتقان دەسلەپكى ئەسەرلىرىنىڭ بىرى . ئەسەرنىڭ ۋەقەلىكى مۇنداق : كۆپ باللىق ، كەمبەغەل ، كۆچمەن نېمىس ئائىلىسىدە تۇغۇلغان جېنىنى ئائىلىسىنى غۇربەتچىلىكتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن بايلارنىڭ ئۆيىنى تازىلاش ، كىر ـ قاتلىرىنى يۇيۇشتەك ئىشلىرىنى قىلىدۇ ۋە بۇ جەرياندا بىر كېڭەش پالاتا ئەزاسىنىڭ مۇھەببەت تورىغا ئىلىنىپ قېلىپ ، ئۇنىڭدىن ئېغىرئاياغ بولۇپ قالىدۇ . جېنىنىنىڭ دادىسى قىزىنى ئۆيدىن قوغلاپ چىقىرىدۇ . كېيىن جېنىنى رېستو بىلەن مۇھەببەت باغلايدۇ ، لېكىن پۇل ، مەرتىۋە ، ھوقۇق بىلەن قاتمۇقات توساق قۇرۇۋەتكەن يۇقىرى قاتلام جەمئىيىتى ئۇلارنى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com

بەختىگە يەتكۈزمەيدۇ . ئەسەر ھەممە نېمىسىدىن ئايرىلغان بىچارە قىز جېنىنىڭ كىشىلىك دۇنياغا بولغان ئۈمىدسىز نىداسى بىلەن ئاياغلىشىدۇ . بۇ ئامېرىكا ئەدەبىيات تارىخىدا تۇنجى قېتىم تۆۋەن قاتلامدىكى خەلقنىڭ پاجىئەلىك تۇرمۇشى ھەقىقىي تەسۋىرلەنگەن ئەسەر . ئەسەرنىڭ ئۆزگىچە ئاياغلاشقان يېشىمى كىشىنى چوڭقۇر ئويغا سالىدۇ .

# 1

1880 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىدى ، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر قىزنى باشلاپ ئوھىئو شتاتىنىڭ كولومبو شەھىرىدىكى كاتتا سارايغا كىرىپ كەلدى ـ دە ، ئۇدۇل بوغالتىرنىڭ ئۈستىلى ئالدىغا بېرىپ ، ئۇنىڭدىن بۇ يەردە ئۆزلىرىگە لايىق ئىش ـ كۈش بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى . سىپمىز بەدىنى لىغىرلاپ تۇرغان بۇ ئايالنىڭ چېھرىدە ئاق كۆڭۈللۈك ، ساددىلىق ، تارتىنچاقلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى . چوڭ ـ چوڭ كەلگەن مۇلايىم كۆزلىرىگە ھېسابسىز غەم ـ غۇسسە يوشۇرۇنغان . بۇ ھالەتنى قاتمۇقات دەرد ـ ئەلەمگە گىرىپتار بولغان يوقسۇللارنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن كۆزىتىپ باققان كىشىلەرلا بايقىيالىشى مۇمكىن . ئارقىسىدىن بىللە كىرگىنى شۇ ئايالنىڭ قىزى ئىدى . ئۇ قورقۇنچ ھەم ئەيمىنىش ئىلكىدە ، ئۇياتچان كۆزلىرىنى ئۇدۇلغا قارىتىشقا پېتىنالماي ، ئاپىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇ . ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا بىر قارىسىلا ، ھەركىم بۇ قىزنىڭ ئەسلىي زاتىنى پەملىۋالالايدۇ . ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق ، بۇ قىزنىڭ ئاپىسى ئۆمرىدە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بولسىمۇ ، شېئىرىي تۇيغۇغا باي ، ئۇيچان ، ھېسسىياتچان ھەم تولىمۇ مېھرىبان ئايال ؛ دادىسى ئېغىر تەبىئەتلىك ئادەم ؛ بۇ ئىككىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن مانا مۇشۇنداق بىر قىز ئاپىرىدە بولغان . ھازىر ئۇلارنىڭ نامراتلىق ئىسكەنجىسىدە تازا قىينىلىۋاتقان چاغلىرى ئىدى . ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ يوقسۇزلۇقىنىڭ دەستىدىن شۇ قەدەر نائىلاجلىقتا چۈشۈپ قالغانلىقى ئادەمنىڭ رەھىمىنى قوزغىماي قالمايتتى . بۇ ھال بوغالتىرغىمۇ تەسىر قىلدى .

# 1

1880 ـ يىلى كۈز كۈنلىرىنىڭ بىر ئەتىگىنى ئىدى، ئوتتۇرا ياشلىق بىر ئايال ئون سەككىز ياشلاردىكى بىر قىزنى باشلاپ ئوھىئو شتاتىنىڭ كولومبو شەھىرىدىكى كاتتا سارايغا كىرىپ كەلدى ـ دە، ئۇدۇل بوغالتىرنىڭ ئۈستىلى ئالدىغا بېرىپ، ئۇنىڭدىن بۇ يەردە ئۆزلىرىگە لايىق ئىش ـ كۈش بار ـ يوقلۇقىنى سورىدى. سېمىز بەدىنى لىغىرلاپ تۇرغان بۇ ئايالنىڭ چېھرىدە ئاق كۆڭۈللۈك، ساددىلىق، تارتىنچاقلىق ئەكس ئېتىپ تۇراتتى. چوڭ ـ چوڭ كەلگەن مۇلايىم كۆزلىرىگە ھېسابسىز غەم ـ غۇسسە يوشۇرۇنغان. بۇ ھالەتنى قاتمۇقات دەرد ـ ئەلەمگە گىرىپتار بولغان يوقسۇللارنىڭ ئېچىنىشلىق قىياپىتىنى ھېسداشلىق نەزىرى بىلەن كۆزىتىپ باققان كىشىلەرلا بايقىۋېلىشى مۇمكىن. ئارقىسىدىن بىللە كىرگىنى شۇ ئايالنىڭ قىزى ئىدى. ئۇ قورقۇنچ ھەم ئەيمىنىش ئىلكىدە، ئۇياتچان كۆزلىرىنى ئۇدۇلغا قارىتىشقا پېتىنالماي، ئاپىسىنىڭ كەينىگە ئۆتۈۋاپتۇ. ئۇنىڭ بۇ تۇرقىغا بىر قارىسىلا، ھەركىم بۇ قىزنىڭ ئەسلى زاتىنى پەملىۋالالايدۇ. ئەسلىنى سۈرۈشتە قىلىدىغان بولساق، بۇ قىزنىڭ ئاپىسى ئۆمرىدە مەكتەپ يۈزى كۆرمىگەن بولسىمۇ، شېئىرىي تۇيغۇغا باي، ئويچان، ھېسسىياتچان ھەم تۇغما مېھرىبان ئايال؛ دادىسى ئېغىر تەبىئەتلىك ئادەم؛ بۇ ئىككىسىنىڭ ۋۇجۇدىدىن مانا مۇشۇنداق بىر قىز ئاپىرىدە بولغان. ھازىر ئۇلارنىڭ نامراتلىق ئىسكەنجىسىدە تازا قىيىنىلىۋاتقان چاغلىرى ئىدى. ئانا ـ بالا ئىككىيلەننىڭ يوقسۇزلۇقىنىڭ دەستىدىن شۇ قەدەر نائىلاجلىقتا چۈشۈپ قالغانلىقى ئادەمنىڭ رەھىمىنى قوزغىماي قالمايتتى. بۇ ھال بوغالتىرغىمۇ تەسىر قىلدى.

— سىزگە قانداق ئىش كېرەك؟ — دەپ سورىدى ئۇ.

— بەلكىم سىلەردە يۇيۇش، تازىلاشقا ئوخشاش ئىشلار باردۇر، — دېدى ئۇ ئايال تارتىنغان هالدا، — مەن پۇل سورىمايمەن.

قىزى بۇ گەپنى ئاڭلاپ، گويا ياقتۇرمىغاندەك تەتۈر قارىۋالدى، ئۇنىڭغۇ قارا ئىش بىلەن خۇشى يوق ئەمەس، لېكىن بىراۋنىڭ ئۇلارنىڭ گادايلىشىپ قارا ئىش قىلمىسا بولمايدىغان هالغا چۈشۈپ قالغىنىنى بىلىپ قېلىشىنى خالىمىغانىدى. بوغالتىرمۇ خېلىلا مۇرۇۋۋەتلىك بار ئادەم ئىدى، شۇنچىلىك چىرايلىق بىر قىزنىڭ شۇ قەدەر تەڭقىسلىقتا قالغىنىنى كۆرۈپ كۆڭلى يۇمشاپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ئىلاجسىز تۇرقىغا قاراپ ئۇلارنىڭ هال - كۈنىنىڭ نەقەدەر خاراب ئىكەنلىكىنى پەملىدى.

— بىردەم تۇرۇپ تۇرۇڭچۇ، — دېدى - دە، بۇرۇلۇپلا ئارقىسىدىكى ئىشخانىغا كىرىپ كېتىپ، ئايال غوجىدارنى باشلاپ چىقتى.

سارايدا ئىشمۇ يوق ئەمەس ئىدى. چۈنكى ئۇلار قارا ئىش قىلىشقا دائىملىق ياللىۋالغان ئايال كېتىپ قالغاچقا، چوڭ پەلەمپەي ۋە زال تازىلاقسىز قالغانىدى.

— ئاۋۇسى قىزى ئوخشىمامدۇ؟ — سورىدى ئايال غوجىدار. ئۇ بۇلارنى يىراقتىن تۇرۇپلا كۆرۈۋالغانىدى.

— هەئە، مېنىڭچە شۇنداق بولسا كېرەك.

— ئۇ ئەگەر ئۆزى خالىسا بۈگۈن چۈشتىن كېيىندىن باشلاپلا ئىشقا چۈشۈۋەرسە بولىدۇ، مېنىڭچە ئاۋۇ قىزمۇ ئاپىسىغا ياردەملەشسە كېرەك - هە؟

— بېرىپ غوجىدار بىلەن كۆرۈشۈڭلار، — دېدى بوغالتىر يېزىق ئۈستىلىنىڭ يېنىغا قايتىپ كېلىپ، — ئاۋۇ تەرەپ بىلەن ئۆتۈڭلار، — ئۇ ئوچۇق چىراي بىلەن يېقىن يەردىكى بىر ئىشىكنى ئىما قىلدى، — ئۇ كىشى سىلەرگە ئىش كۆرسىتىپ بېرىدۇ.

بىز يۇقىرىدا بايان قىلىپ ئۆتكەن بۇ كىچىككىنە بىر

كۆرۈنۈشنى ئەينەكچى ئۇستام ۋىلىيام گېرخاردتنىڭ ئۆزى ۋە ئائىلىسى دۇچ كەلگەن تراگېدىيىنىڭ راسا ئەۋجىگە چىقىشى دېسىمۇ بولىدۇ. ئەسلىدىمىغۇ، ۋىلىيام گېرخاردت شۇغۇللىنىپ كېلىۋاتقان بۇ كەسىپ باشقا تۆۋەن دەرىجىلىك كەسىپلەرگە ئوخشاشلا جاپالىق ئىدى. ئۇ كۈن بويى مۈكچىيىپ ئىشلەپ، نەقەدەر بەخش ئەتكەن ئازغىنە رىزىق - نېسىۋىسىگە تايىنىپ، ئۆزى، ئايالى ھەم ئالتە بالىسىنىڭ تۇرمۇشىنى قامداپ كېلىۋاتقانىدى. مانا ئەمدى كېسەلگە چېلىقىپ، ئورۇن تۇتۇپ يېتىپ قالدى. تۇنجى ئوغلى سىباستىئون — ئائىلىدىكىلەر ئۇنى باس دەپ چاقىرىشاتتى — مۇشۇ شەھەردىكى بىر يوك ئاپتوموبىلى زاۋۇتىدا ھەپتىسىگە تۆت دوللار مائاش ئېلىپ شاگىرت ھېسابىدا ئىشلەيتتى، چوڭ قىزى جېننى فىيىق ئون سەككىز ياشتىن ھالقىغان بولسىمۇ، بۇ كەمگىچە تېخى ھېچقانداق ئىشنىڭ جاپاسىنى بېشىدىن كەچۈرۈپ باقمىغانىدى. قالغان بالىلىرى — گېئورگى ئون تۆت ياشتا، مادا ئون ئىككى ياشتا، ۋىلىيام ئون ياشتا، ۋېرونىكا سەككىز ياشتا بولۇپ، ھەممىسى تېخى بېشىدىن ھېچقانداق ئىسسىق - سوغۇق ئۆتمىگەن كىچىك بالىلار ئىدى، بۇلار تۇرمۇش مەسىلىسىنى تېخىمۇ قىيىنلاشتۇرۇپ قويۇشتىن باشقىغا كارغا كەلمەيتتى. ئۇلارنىڭ تايىنىدىغان بىردىنبىر يۆلەنچۈكى ئۆزلىرىنىڭ قورۇ - جايى ئىدى. گەرچە ئۇ ئالتە يۈز دوللار قەرز ھېسابىغا رەنىگە بېرىلگەن بولسىمۇ، ھەرھالدا ئۇلارنىڭ ئاتا مىراسى بولۇپ ھېسابلىناتتى. ئەينى چاغدا ئۇنىڭ بۇنچىلىك كۆپ پۇلنى قەرز ئېلىشىدىكى سەۋەب، بىر ئۆيلۈك ئادەمنى كەڭ - كۇشادە جايلاشتۇرۇش ئۈچۈن ئۆزى سېتىۋالغان ئۆيگە قوشۇپ يەنە ئۈچ ئېغىز ئۆي ۋە بىر دەھلىز سېلىۋالماقچىدى. رەنىنىڭ مۆھلىتى توشىدىغانغا يەنە بىرنەچچە يىل بار ئىدى. لېكىن ئۇلارنىڭ ھال - ئوقىتى بارغانسېرى بەتتەرلىشىپ كېتىۋاتقاچقا، قايتۇرۇشقا جۇغلاۋاتقان ئازغىنە پۇلنى پاك - پاكىز خەجلەپ بولغانىنىڭ ئۈستىگە، يەنە قاسساپقا،

ناۋايغا قەرزدار بولۇپ قېلىشتى . كىشىلەر گېرخاردتنى هالال ، ئىشەنچلىك ئادەم دەپ قاراپ ، ئۇ قەرزنى ئارقىغا سۈرىۋەرسىمۇ گەپ قىلماي يۈرۈشكىنى بىلەن كېيىنكى چاغلاردا ئۇنىڭغا ئىشەنمەس بولۇپ قالغانىدى . مانا مۇشۇ قاتمۇقات غەم ـ غۇسسە ئۇنىڭ يۈرىكىنى سەدپارە قىلىپ ، ئەتىدىن ـ كەچكىچە ئازاب ئوتىدا ئۆرتەۋاتقاچقا ، كېسىلىمۇ بارغانسېرى ئەدەپ كەتتى .

گېرخاردتنىڭ ئايالىغا كەلسەك ، ئۇ بوشاڭ ، ناقابىل كىشىلەردىن ئەمەس ئىدى ، ئىلگىرى ئۇمۇ خەقنىڭ كىر ـ قاتلىرىنى قانچىلىك بولسا شۇنچىلىك يۇيۇپ ، قالغان ۋاقتىنى بالىلىرىنى كىيىندۈرۈش ، غىزا ئېتىش ، بالىلىرىنى مەكتەپكە يولغا سېلىش ، ئۇلارنىڭ كىيىملىرىنى ياماشتىن باشقا ، يەنە ئېرىنى كۈتۈش بىلەن ئۆتكۈزۈپ كەلگەنىدى ، گاھىدا تېخى ئاز ـ پاز ۋاقىت چىقىرىپ كۆز يېشى قىلىپمۇ ئالاتتى . كونا دۇكاندار ئۇنىڭغا نېسىگە مال بەرمىسە ، ئۇ يىراقىراق يەرگە بېرىپ ، باشقا دۇكاننى تېپىپ ، باشتا بىرئاز پۇل بېرىپ هېسابات تۇرغۇزۇۋالاتتى ـ دە ، ئاندىن نېسىگە مال ئېلىپ تىرىكچىلىك قىلاتتى . ئۇ دۇكاندارمۇ باشقىلارنىڭ گېپىگە كىرىپ ، ئۇنىڭغا نېسىگە مال بەرمەيدىغان بولۇپ قالسا ، ئۇ تېخىمۇ يىراق يەرلەرگە قاتراپ دۇكان ئىزدەيتتى . كۆممىقوناقنىڭ نەرخى ئەرزان بولغاچقا ، بەزىدە ئۆيدە يېگۈدەك بىرەر نەرسە قالمىغاندا ، ئۇ ئۇماچ ئېتىپ بالىلىرىنىڭ قورسىقىنى ئەستەرلەيتتى ، ئۇلارنىڭ هەپتە ـ هەپتىلەپ ئۇماچ بىلەن كۈن ئۆتكۈزگەن چاغلىرىمۇ بولغان . كۆممىقوناق ئۇنىدىن قىلىنغان ئۇيۇتقا قورساققا ئاز ـ تولا دال بولىدىغان يوقتىن ياخشىراق غىزا ، ئۇنىڭغا سۈت ئارىلاشتۇرىدىغان بولسا ، بالىلارغا خۇددى زىياپەت ئېچىشىدەك تېتىپ كېتەتتى ، ياغدا پىشۇرۇلغان ياڭيۇ ئۇلارنىڭ دائىملىق غىزاسى ، قەهۋە بولسا ئەڭ ئەتىۋار ئوزۇقى ئىدى . كۆمۈرنى چېلەك ، سېۋەت بىلەن يېقىن ئەتراپتىكى پويىز ۋوگزالىدىكى رېلىسلارنىڭ ئارىلىقىدىن ، ئوتۇننىمۇ يېقىن ئەتراپتىكى ياغاچچىلىق مەيدانىدىن تېرىپ



此为试读，需要完整PDF请访问： www.ertongbook.com

كېلىشەتتى . ئۇلار مۇشۇ تەرىقىدە كۈننى بىر ئاماللاپ ئۆتكۈزۈپ ، بارلىق ئۈمىدىنى دادىسىنىڭ كېسىلىنىڭ ساقىيىپ كېتىشىگە ، ئەينەك زاۋۇتىنىڭ بالدۇرراق ئىش باشلىشىغا باغلاپ كېلىشىۋاتقانىدى ، بىراق قىش يېقىنلىشىپ كەلگەنسېرى ، گېرخاردتىنىڭ ئۈمىد يىپىمۇ ئۈزۈلۈشكە باشلىدى .

«مۇنۇ دىشۋارچىلىقتىن تېزرەك قۇتۇلسام ئىدى .» بۇ ئىرادىلىك نېمىسنىڭ ھەمىشە دەيدىغىنى مۇشۇ گەپ ئىدى . شۇ گەپنى دەۋاتقىنىدا زەئىپ ئاۋازىدىن تىت ـ تىت بولۇۋاتقىنىنى بىلىنىپ تۇراتتى .

«بالا كەلسە قوشلاپ كەپتۇ» دېگەندەك ، ۋېرونىكاغا ئەسۋە چىققىلى بىرنەچچە كۈن بولدى . ھەممەيلەن ئۇنى ئۆلۈپ كېتىدۇ ، دېيىشتى . ئاپىسى بولسا جىمى ئىشنى قويۇپ تۇرۇپ ، بالىنىڭ بېشىدا پەرۋانە بولدى ، ئۇنىڭ ھەققىدە بىكار تۇرماي دۇئا ـ تىلاۋەت قىلاتتى . ئاۋېنج دوختۇر ئادەمگەرچىلىك يۈزىسىدىن كۈندە بىر قېتىم كېلىپ بالىنىڭ كېسىلىنى كۆڭۈل قويۇپ كۆرۈپ كېتەتتى ، لۇدېر مەزھىپىدىكى مىسسىئونېر ۋۇندېر پوپمۇ چېركاۋنىڭ نامىدىن كېلىپ ئۇنىڭغا تەسەللى بەردى . دەرىجىدىن تاشقىرى كۈچلەرگە ۋەكىللىك قىلىدىغان بۇ قارا تونلۇق مۇقەددەس ئەلچىلەر بۇ ئۆيگە سۈرلۈك دىنىي كەيپىيات ئېلىپ كېلىشتى . گېرخاردتىنىڭ ئايالى گويا بالىسىدىن ھازىرلا جۇدا بولۇپ قالىدىغاندەك ، دىلخەستە بولۇپ ، بالىسىنىڭ يېنىدىن زادىلا نېرى كەتمىدى . ئۈچ كۈن بولدى دېگەندە ، خەۋپ ـ خەتەر ئۆتۈپ كەتتى ، بىراق ئۆيدە يېگۈدەك ھېچ نەرسە قالمىدى . سىباستىئوننىڭ مائاشى پۈتۈنلەي دورىغا كەتتى . كۆمۈرنى خالىغانچە بېرىپ تېرىپ كەلگىلى بولغىنى بىلەن ، بالىلار بىرنەچچە قېتىم ۋوگزالدىن قوغلىۋېتىلدى . گېرخاردتىنىڭ ئايالى ئىش تاپقىلى بولىدىغان يەرلەرنىڭ ھەممىسىنى بىر ـ بىرلەپ خىيالىدىن ئۆتكۈزۈپ ، يەنە بىر ـ بىرلەپ ئۈمىدىنى ئۈزۈۋەردى ، ناھايەت خىيالىغا مۇشۇ ساراي كەلگەنىدى . شۇ تاپتا ئۇنىڭ بۇنداق پۈرسەتكە ئېرىشكەنلىكى

ھەقىقەتەن بىر مۆجىزە ئىدى .
— قانچىلىك ھەق ئالىسىز ؟ — دەپ سورىدى ئايال غوجىدار ئۇنىڭدىن .
قانچىلىك ھەق ئېلىشنى ئۆزى دېسە بولىدىغانلىقىنى ئۇ خىيالىغا كەلتۈرۈپمۇ باقمىغانىدى ، ئەمما شۇ تاپتا پۇلغا تولىمۇ موھتاج بولغانلىقتىن ، تۇغۇشلۇقراق بولۇشقا باشلىدى .
— كۈنىگە بىر دوللاردىن بولسا ، كۆپ بولماس ؟
— كۆپ ئەمەس ، — دېدى غوجىدار ، — بۇ يەردە ھەپتىسىگە ئاران ئۈچ كۈنلۈك ئىش چىقىدۇ . ھەر كۈنى چۈشتىن كېيىن كەلسىڭىز ، بىردەمدىلا قىلىپ تۈگىتىسىز .
— تازىمۇ بەلەن گەپ بولدى بۇ ، — دېدى گېرخاردتنىڭ ئايالى ، — بۈگۈنلا باشلىۋېتىمىزمۇ ؟
— مەيلى ئەمىسە ، يۈرۈڭ ، مەن سىزگە تازىلايدىغان نەرسىلەرنىڭ ئورنىنى كۆرسىتىپ قوياي .
ئۇلار ھەش - پەش دېگۈچىلا ئىشقا تونۇشۇۋالغان بۇ ساراي — ئۆز زامانىسىدە مۇشۇ شەھەر بويىچە ھەشەمەتلىك كاتتا مېھمانخانا ئىدى . كولومبو مۇشۇ شتاتنىڭ مەركىزى ، ئاھالىسى ئەللىك مىڭ كىشىگە يېتىپ بارىدۇ ، ئۇنىڭ ئۈستىگە كېلىپ - كېتىپ تۇرىدىغان يولۇچىلارمۇ كۆپ بولغاچقا ، بۇ يەردە مېھمانخانا تىجارىتى يۈرگۈزۈشنىڭ تازا ئىستىقبالى بار ئىدى . بىرنەچچە يىلنىڭ مابەينىدە ، بۇ شەھەر تېخىمۇ ئاۋات تۈسكە كىردى ، كولومبونىڭ ئاھالىسىمۇ بۇنىڭدىن ئىپتىخارلىق ھېس قىلىشاتتى .
بەش قەۋەتلىك بۇ سارايىنىڭ ئىگىلىگەن كۆلىمى ناھايىتى زور بولۇپ ، ئۇ مەركىزىي مەيداننىڭ بىر بۇرجىكىگە جايلاشقان ، ئۇنىڭدا مەجلىسخانىدىن تارتىپ دۇكانغىچە ھەممىسى بار ئىدى . سارايىنىڭ قوبۇلخانا ئۆيى ناھايىتى چوڭ ، يېقىندا يەنە باشتىن - ئاياغ زىننەتلەپ چىقىلغان . پول ۋە تاملىرى پۈتۈنلەي مەرمەر تاشتىن قىلىنغان ، يەنە كېلىپ دائىم سۈرتۈلۈپ تۇرغاچقا ، كۆزنى قاماشتۇرۇپ تۇرىدۇ . مېھمانخانا زالىنىڭ قاق ئوتتۇرىسىدا كەڭ

پەلەمپەي بار، پەلەمپەينىڭ ئىككى چېتى سىرلىق مىستىن قۇيۇلغان ۋادەك بىلەن چىتلانغان، ۋادەكنىڭ ئۈستىگە ياڭاق ياغىچىدىن تۇتقۇچ بېكىتىلگەن. پەلەمپەينىڭ تۈۋىدىكى كۆزگە تاشلىنىپ تۇرىدىغان بىر بۇلۇڭدا گېزىت بىلەن تاماكا ساتىدىغان مەخسۇس پەشتاختا بار. پەلەمپەي ئايلانمىسىنىڭ ئۇدۇلىدا بايا بىز تەسۋىرلەپ ئۆتكەن بوغالتىر ئۈستىلى ۋە ئىشخانا جايلاشقان بولۇپ، ئۇ جاي قاتتىق تاختايدىن قىلىنغان دىۋار ئىچىگە ئېلىنغان ھەم يېڭى شەكىللىك گازۋاي لامپا بىلەن زىننەتلەنگەن. قوبۇلخانىنىڭ بىر چېتىدە ئىشىك بار، ئۇ ئىشىكتىن ئۆينىڭ ئىچىدىكى قاتار - قاتار قويۇلغان ساپالار ۋە ساقال - بۇرۇت ئېلىشقا ئىشلىتىلىدىغان ئىستاكانلارغا كۆز يۈگۈرتۈپ باقسىلا، بۇ يەرنىڭ ساتىراشخانا ئىكەنلىكىنى پەملىۋالغىلى بولىدۇ. سارايىنىڭ سىرتىدا ھەر ۋاقىت ئىككى - ئۈچ كوچا ئاپتوبۇسى توختىتىپ قويۇلغانلىقى كۆزگە چېلىقىپ تۇرىدۇ. بۇ ئاپتوبۇسلار پويىزنىڭ ۋاقتىغا ماس ھالدا قاتناپ تۇراتتى.

بۇ ساراي مۇشۇ شتاتنىڭ سىياسىي ۋە ئىجتىمائىي ساھەسىدىكى داڭدار شەخسلەر چۈشىدىغان مېھمانخانا ئىدى. بىرنەچچە شتات باشلىقى ۋەزىپە ئۆتەش مەزگىلىدە بۇ يەرنى مۇقىم قونالغۇ قىلىۋالغانىدى. قوشما شتات كېڭەش پالاتاسىنىڭ ئىككى ئەزاسىمۇ ھەر دورەم كولومبوغا ئىش بىلەن كەلگىنىدە، بۇ سارايدىن مەجلىسخانىسى بار بىر يۈرۈش ئۆينى ئىجارىگە ئېلىپ تۇرۇشاتتى. كېڭەش پالاتا ئەزاسى براند مانا مۇشۇلارنىڭ بىرى، ساراي خوجايىنى ئۇنى دائىملىق خېرىدارىمىز، دەيتتى. چۈنكى ئۇ كىشى مۇشۇ شەھەرگە يەرلىك، يەنە كېلىپ بويتاق ئادەم ئىدى. بۇ يەردە ئانچە ئۇزاق تۇرمايدىغان باشقا مېھمانلارنى ئالساق، ئۇلار ئىچىدە ئاۋام پالاتا ئەزاسى، شتات پارلامېنتىنىڭ ئەزالىرى ھەم سىرتتىن كەلگەن سەيياھلار، سودىگەرلەر، مەخسۇس كاسىپلار، ھەتتا كەسپى نائېنىق كىشىلەرمۇ بار، بۇ كىشىلەر كېلىپ - كېتىپ يۈرۈپ، خۇددى ئويۇنچۇق دۇنياسىدەك رەڭگارەڭ ھەم

قايناق مەنزىرىنى ھاسىل قىلاتتى .
ئانا ـ بالا ئىككىيلەن بەرق ئۇرۇپ تۇرغان بۇ ئاجايىپ دۇنياغا كىرىپ قېلىپ ، ھودۇقۇقىنىدىن دېمىنىمۇ چىقىرالماي قېلىشتى ، بىرەر چاتاق تېرىپ قويۇشتىن ئەنسىرەپ ، ئىش قىلغاندا قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇشتى . ئۇلارغا ئۆزلىرى تازىلاۋاتقان ، پولغا قىزىل گىلەم سېلىنغان بۇ زال بەئەينى خان ئوردىسىدىكىدەك ھەشەمەتلىك كۆرۈنۈپ كەتتى ؛ ئۇلار بېشىنى يەردىن ئۇستۈن قىلىشقىمۇ پېتىنالماي ، بىر ـ بىرىگە گەپ قىلغاندا شىۋىرلىشىپ گەپ قىلىشتى . نۆۋەت پەلەمپەيىنىڭ شادىلىرىنى سۈرتۈشكە كەلگەندە ، ئۇلارغا تېخىمۇ غەيرەت قىلىشقا توغرا كەلدى . چۈنكى ئانىسى بەكلا تارتىنىپ ـ قورۇنۇپ كېتىۋاتاتتى ، قىزىمۇ ئۆزلىرىنىڭ مۇشۇ ئەپتى بىلەن زالدىكى كىشىلەرنىڭ ئالدىدا نومۇس قىلىۋاتاتتى . پەلەمپەيىنىڭ تۆۋىنى بايا بىز تەرىپلەپ ئۆتكەن سەلتەنەتلىك قوبۇلخانا ئىدى ، ئۇ يەردە گاھىبىرلىرى بىكاردىن ـ بىكار ، گاھىبىرلىرى تاماكا چېكىپ ئولتۇرۇشۇپتۇ ، كىرىپ ـ چىقىۋاتقانلارنىڭ ئايىغى ھېچ ئۈزۈلمىدىغاندەك ئەمەس . ئانا ـ بالا ئىككىيلەن كىشىلەرنىڭ نەزىرىدىن زادىلا خالىي بولالمايۋاتاتتى .
— بۇ يەر ئەجەب چىرايلىق ئىكەن ـ ھە ؟ — جېنىنى فيېف شىۋىرلاپ سورىدى .
— ھەئە ، ئۇنى بىر دېمە ، — دېدى ئاپىسى جاۋابەن ، شۇ تاپتا ئۇ زوڭزىيىپ ئولتۇرۇپ قوپال قوللىرى بىلەن پولنى كۆچەپ سۈرتۈۋاتقانىدى .
— بۇنداق يەردە ياتسا جىق پۇل كېتىدىغاندۇ ، شۇنداقمۇ ؟
— شۇنداق ، — دېدى ئاپىسى ، — ئېسىڭدە بولسۇن ، ماۋۇ بۇلۇڭچاقنىمۇ سۈرتۈش كېرەك . قارىغىنا ، بىرمۇنچە يەرنى ئالا قويۇپسەن .
بۇ سۆزلەر جېنىنىڭ كۆڭلىگە تەگكەن بولسىمۇ ، لېكىن ئۇ بىر خىلدا ئىشنى داۋام قىلىۋەردى ، ئاپىسىغا قاراشتىنمۇ ئەيمىنىپ ، بېشىنى ئېگىگە تىقىپ ھەدەپ پول سۈرتۈش بىلەنلا

بولۇپ كەتتى .
ئانا ـ بالا ئىككىيلەن ئۈستۈنكى قەۋەتتىن تاكى ئاستىنقى قەۋەتكىچە تازىلاپ سائەت بەشكە قەدەر ئىشلىدى ، تاشقىرىنى قاراڭغۇلۇق ئۆز قوينىغا ئېلىپ ، زالنىڭ ئىچىدىكى چىراغلار ۋاللىدە يورۇپ كەتكەن چاغدا ، ئۇلار پەلەمپەينىڭ ئاخىرقى باسقۇچلىرىنى سۈرتۈپ بولاي دەپ قالغانىدى .
شۇ ئەسنادا چوڭ ئايلانما ئىشىك ئېچىلىپ ، تاشقىرىدىكى سوغۇق دۇنيادىن مېھمانخانىغا قامەتلىك بىر ئەرباب كىرىپ كەلدى ، تاۋاردىن تىكىلگەن شلەپىسى ، كەڭ ، ھەربىيچە پلاشى بىر توپ بىكار تەلەپ كىشلەرنىڭ ئارىسىدا ، ئۇنىڭ مۇھىم بىر شەخس ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىپ تۇراتتى . قارىمۇتۇق كەلگەن چىرايى سۇرلۇك كۆرۈنگەندەك قىلىسمۇ ، لېكىن يەنە مۇنداق بىر قارىماققا ئۇنىڭ ئوچۇق مىجەزلىك ، كۆڭلى يۇمشاق كىشى ئىكەنلىكى زاھىر بولۇپ تۇرۇپتۇ ، چولپان كۆزلىرىنىڭ ئۇستىگە قاپقارا ، ئۆسكىلەڭ قاشلىرى تاشلىنىپ تۇرۇپتۇ ، ئۇ يېزىق ئۈستىلىنىڭ يېنىدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاچ ، ئۆزىگە ئالدىن تەييارلاپ قويۇلغان ئاچقۇچنى قولىغا ئالدى ـ دە ، پەلەمپەي بىلەن يۇقىرىغا ئۆرلىدى .
ئۇ ئۆزىنىڭ ئايىغى ئاستىدا پولنى سۈرتۈۋاتقان جۇۋاننى كۆرۈپ قېلىپ ، ئۇنىڭغا ئاتايىن يول بەردى ـ دە ، «ئۆزىڭىزنى قاچۇرمىسىڭىزمۇ بولىدۇ» دېگەندەك مەنىدە ، مۇلايىملىق بىلەن قولىنى شىلتىپ قويدى .
لېكىن ، قىزچاق ئورنىدىن چاچراپ تۇرۇپ كېتىپ ، ئۇ كىشىگە قارىغىنىچە جايىدا قېتىپلا قالدى ، ئۇنىڭ ئالاقزادىلىككە تولغان كۆزلىرىدىن ئۆزىنىڭ بۇ كىشىنىڭ يولىنى توسۇپ قويۇشىدىن ئەندىشە قىلىۋاتقىنى بىلىنىپ تۇراتتى .
ئۇ كىشى قىزغا ئېگىلىپ سالام بېرىپ ، خۇش تەبەسسۇم بىلەن :
— مالال بولمىغايسىز ، — دېۋىدى ، جېنىنى يېقىملىققىنا جىلمىيىپ قويدى .

بايىقى كىشى پەلەمپەيىنىڭ ئۈستۈنكى باسقۇچىغا چىقىپ بولۇپ، ئىختىيارسىز ئارقىسىغا ئۆرۈلدى ـ دە، قىزغا قىيا نەزەر تاشلىدى، مانا شۇ چاغدىلا ئاندىن بۇ قىزنىڭ ئادەمنىڭ ئىچى كۆيگۈدەك دەرىجىدە چىرايلىق ئىكەنلىكىنى ئېنىق بايقىدى. ئۇنىڭ كۆز نەزىرى قىزنىڭ ئاپئاق، كەڭ ماڭلىيى، سىلىق تارالغان ئىككى تال ئۆرۈمە چېچى ئۈستىدىن يۇگۇرۇپ ئۆتۈپ، ئۇنىڭ زەڭگەر كۆزلىرى، يۇمران ئەتلىرى ئۈستىدە چاپتى، ھەتتا قىزچاقنىڭ لەۋلىرى ۋە دۇپدۇگىلەك ئېڭىكى، بولۇپمۇ ياشلىق لاتاپىتى ۋە ساغلاملىق بەرق ئۇرۇپ تۇرغان، ئوتتۇرا ياشلىق كىشىلەر يارانقۇچى ئاللادىن تىلەشكە ئەرزىيدۇ دەپ قارايدىغان ئاشۇنداق بەختىيارلىق مۇجەسسەم قىلىنغان خۇش پىچىم فىگۇرىسىنى بەھۇزۇر تاماشا قىلدى. ئۇ بۇلارنى كۆز ئۆڭىدىن بىرقۇر ئۆتكۈزگەندىن كېيىن، ئىتتىك ئالغا يۈرۈپ كەتتى، لېكىن قىزچاقنىڭ جەلپكار سىيماسى ئۇنىڭ مېڭىسىگە مەھكەم ئورنىشىپ قالدى. بۇ كىشى دەل ھېلىقى ياش كېڭەش پالاتا ئەزاسى گېئورگى شۇئالفوستو براند جانابلىرى ئىدى.

— بايامقى كىشى ئەجەبمۇ كېلىشكەن ئىكەن ـ ھە؟ — دەپ سورىدى جېننى بىرپەستىن كېيىن.

— راست، ھەقىقەتەن كېلىشكەن ئىكەن، — دېدى ئاپىسى.

— ئۇ كىشى تېخى ئالتۇن ساپلىق ھاسا تۇتۇۋاپتۇ.

— بىراۋ يېنىڭدىن ئۆتۈپ كېتىۋاتقاندا كۆزۈڭنى پارقىرىتىپ قاراۋەرمە، — دېدى ئاپىسى دانىشمەنلەرچە نەسىھەت قىلىپ، — بۇنداق قىلساڭ سەت تۇرىدۇ.

— مەن ئۇ كىشىگە تىكىلىپ قارىمىدىم، — دېدى جېننى ساددىلىق بىلەن، — ئۇ ئۆزى ماڭا ئېگىلىپ سالام قىلدى.

— بوپتۇ ئەمىسە، ھەرھالدا سەن خەققە ئانچە دىققەت قىلىپ قارىما، خەق ياقتۇرماسلىقى مۇمكىن، — دېدى ئاپىسى.

جېننى ئۈندىمەي يەنە ئىشىغا كىرىشىپ كەتتى، بىراق بۇ ئاجايىپ دۇنيانىڭ سېھرىي كۈچى ئۇنىڭ سەزگۈ ئەزالىرىنى



此为试读，需要完整PDF请访问：www.ertongbook.com